# چوڭ - كىچىك خوجىلار توغرىسىدا

## چىڭ سۇلۇ

### 1. چوڭ - كىچىك خوجا دېگەن نامنىڭ مەنىسى ۋە ئۇلارنىڭ نەسەبنامىسى

«خوجا» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. «خوجا» سۆزىگە ئۇيغۇر تىلىدىكى «م» قوشۇلسا، ئۇنى ئىگىلەندۈرۈپ، «بىزنىڭ خوجا» دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ. «خوجام» سۆزى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار چوڭ خوجا بۇرھانىددىن (؟— 1759 - يىلى) بىلەن كىچىك خوجا جاھان (؟— 1759 - يىلى) ئىككى ئاكا - ئۇكىنىڭ نامىنى ئاتاشتا قوللانغان ھۆرمەت نام. ئۇنداق بولسا، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئەجدادى زادى قايەرلىك، ئۇلار شىنجاڭغا قاچان كۆچۈپ كەلگەن؟ مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى ھەر تۈرلۈك. بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمىغان. ھەتتا بەزىلىرىدە بۇ مەسىلە تىلغىمۇ ئېلىنمىغان. شۇڭا، مېنىڭچە بۇ مەسىلە ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ كۆرۈش تەتقىقات ئىشلىرىغا پايدىلىق.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ خانى دەۋرىدە، فۇخىڭ تەرىپىدىن يېزىلغان «غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 48 - جىلدى ۋە ۋېي يۈەن يازغان «شىڭۋۇ خاتىرىسى» نىڭ 10 - جىلدىدا چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ تۇنجى بوۋىسىنىڭ ئىسمى مامۇت (تولۇق ئاتىلىشى مامۇت يۈسۈپ) ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۆزىنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ 26 - ئەۋلادى دەپ ئاتىغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا مەدىنىدىن شەرققە — ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي داھىلىرى — چوڭ - كىچىك خوجىلاردىن بولۇپ قالغانىمىش. ئۇلارنىڭ نەسەبنامىسى توغرىسىدا «غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» نىڭ «مۇسۇلمانلار نەسەبنامىسى» بابىدا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: (1 - ئەۋلاد) مۇھەممەت...؛ (24-ئەۋلاد): مەخدۇم ئەزەم؛ (25-ئەۋلاد) مامۇت ئىمىن؛ (26 - ئەۋلاد) مامۇت يۈسۈپ؛ (27-ئەۋلاد) ھىدايىتۇللا خوجا؛ (28 - ئەۋلاد) يەھيا خوجا؛ (29 - ئەۋلاد) مەخمۇت؛ (30 - ئەۋلاد) بۇرھانىددىن، خوجا جاھان.

XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئۇيغۇر دىنشۇناس مۇھەممەت سادىقنىڭ چاغاتاي يېزىقىدا يازغان «تەزكىرەئى خوجىگان» («خوجىلار تەزكىرىسى») نامىلىق

كىتابىدىكى چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ نەسەبنامىسى يۇقىرىدىكى نەسەبنامىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

مەخدۇم ئەزەم

— ئىشان كالان (خوجا كالان دەپمۇ ئاتىلىدۇ)
— O
— O
— O
— O
— O
— خوجا ئىسهاق

— خوجا يۇسۇپ
— خوجا ئاپپاق — يەهيا خوجا (يەهيا خان خوجا)

خوجا ئەخمەت

— خوجا بۇرهانىددىن.
— خوجا جاهان.

«تەزكىرەئى خوجىگان» ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، تارىخىي ماتېرىيال قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى، لېكىن ئۇ دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر تەرىپىدىن يېزىلغاچقا، بەزى مەسىلىلەرنىڭ چىنلىقى كىشىنى شۈبهىلەندۈرىدۇ. مەسىلەن: بۇ تەزكىرىدە تەپسىلاتلارنىڭ يىل، دەۋرى كۆرسىتىلمىگەن، چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ زادى قاچان، قايسى دەۋردە شىنجاڭغا كەلگەنلىكى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىلمىگەن. مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ شىرەم تۇغقانلىرىمۇ بولغان، لېكىن ئۇلارنىڭ نەسەبنامىسى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمىگەن ۋە باشقىلار.

XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەنگلىيىلىك شاۋ (R.B.shvw) شىنجاڭغا كىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ۋە ئۇيغۇر تىلىغا دائىر ماتېرىياللارنى يىغىپ كەتكەن. ئۇ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاسا-

لىنىپ ۋە مۇھەممەت سادىقنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» دېگەن كىتابىدىن پايدىلىنىپ، «خوجىلار نەسەبنامىسى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يازغان. بۇ ماقالە «بېنگال - ئاسىيا شۇناسلىق» ژۇرنىلى (1897 - يىل، ھىندىستان كالكۇتتا نەشرى، I توم، 96 - سان) غا بېسىلغان. شاۋ يازغان «خوجىلار نەسەبنامىسى» دە، مۇھەممەت سادىقنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» دىكى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ شەجەرىسىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى جاي بار: بىرىنچى، ماقالىدە، ئاپپاق خوجا خوجا يۇسۇپنىڭ ئوغلى دەپ ھېسابلانغان. تەزكىرىدە بولسا ئاپپاق خوجا بىلەن خوجا يۇسۇپ ئاكا - ئۇكا قېرىنداش دەپ ھېسابلانغان؛ ئىككىنچى ماقالىدە يەھيا خوجا چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئاتىسى دەپ ھېسابلانغان بولسا، كېيىنكىسىدە ئۇلارنىڭ بوۋىسى دەپ ھېسابلانغان. لېكىن يۇقىرىقى ئىككى ئەسەرنىڭ ئورتاق يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدە خوجىلارنىڭ نەسەبنامىسى مەخدۇم ئەزەمدىن باشلىنىپ، چوڭ - كىچىك خوجىلارغىچە جەمئىي ئالتە ئەۋلاد دەپ كۆرسىتىلگەن.

1954 - يىلى، ياپونىيىلىك ئالىم، پروفېسسور يۇتيەنىڭ يازغان «جۇڭگونىڭ چېگرا رايون تارىخى» (1954 - يىلى، توكيو نەشرى، 2 - قىسىم، 250 - بەت) ناملىق كىتابىمۇ «خوجىلارنىڭ نەسەبنامىسى» كۆرسىتىلگەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

مەخدۇم ئەزەم

— مۇھەممەت ئەمىر (ئاق تاغلىق)
— مۇھەممەت ئىسھاق (قارا تاغلىق)
— O
— O
— O
— O
— O
— O
— O
— O

— مۇھەممەت يۇسۇپ
— O

— ھىدايىتۇللا. ئاپپاق
— O
— O
— O
— O

يۇقىرىقى نەسەبنامىنى «غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى «مۇسۇلمانلار نەسەبنامىسى» بىلەن سېلىشتۇرساق، پەقەت ئىككى جايدىلا ئازراق ئوخشىماسلىق بارلىقىنى بىلەلەيمىز. يەنى: بىرىنچى، مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى «خوجىلار نەسەبنامىسى» دە مۇھەممەت ئەمىر دېيىلگەن بولسا، «غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە مەخمۇت ئىمىن دېيىلگەنلىكىنى، ئىككىنچى، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى «خوجىلار نەسەبنامىسى» دە مۇھەممەت ئىسھاق دېيىلگەن بولسا، «غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەپسىراتى» دا بىر نەرسە دېيىلمىگەن. «خوجىلار نەسەبنامىسى» دىمۇ مۇجمەللىك بار. ئۇنىڭغا مەنبە چۈشەندۈرۈلمىگەن، مەخدۇم ئەزەمنىڭ قەيەردىن شىنجاڭغا كەلگەنلىكىمۇ چۈشەندۈرۈلمىگەن.

1957 - يىلى، پروفېسسور فېڭجياشىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلمىي تەكشۈرۈشكە قاتناشقاندا، بۇخارادىن ئۆتكەن. ئۇ مەملىكەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالمۇتىدا شىبۇدىپ ئىسىملىك بىر ئاخۇننى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ بايان قىلىشىغا ئاساسەن، خوجىلارنىڭ نەسەبنامىسىگە ئائىت ئەڭ ئېنىق، ئەتراپلىق ماتېرىياللارنى خاتىرىلىۋالغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا خاتىرىلىۋالغان خوجىلار نەسەبنامىسى مۇنداق:

مەخدۇم ئەزەم (17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇخارادىن شىنجاڭغا كەلگەن)

— مامۇت. يۇسۇپ (ئىمام كالام)
(ئاق تاغلىق)

— ئىسھاق بەگ

ئاپپاق خوجا (ھىدايىتۇللا. غازى لاچىن ئاپپاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

يەھيا خوجا ___ مەخمۇت

— بۇرھانىددىن (چوڭ خوجا)

خوجاجاھان (كىچىك خوجا)

ئىلاۋە: XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى چار روسىيە دەۋرىدىكى قازاقىستانلىق ئالىم چوقان ۋەلىخانوۋ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ

بارغان. ئۇنىڭ يازغان «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»
دېگەن ماقالىسىدە①، مەخدۇم خوجا (يەنى مەخدۇم ئەزەم)غا ۋە خوجىلار نەسەبنامىسىگە
دائىر ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىكى مەلۇماتلار تولۇق بولمىسىمۇ، لېكىن، ئۇ
شېرىپنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن ماس كېلىدۇ. بۇنىڭدىن شېرىپ ئېيتقان خوجىلار نەسەب-
نامىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، يەنى چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ تۇنجى ئەجدادىنىڭ
XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا
شەھىرىدىن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. روشەن-
كى، چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا شەھىرى-
دىن كەلگەن، ئۇلار ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئەمەس.

## 2. چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ماھىيىتى

چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ تۇنجى ئەۋلادى مەخدۇم ئەزەم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
ئېيتقىنىدەك، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ 26-ئەۋلاد
نەۋرىسى بولماستىن، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇخارا رايونىدىكى
شىيە مەزھىپىگە تەۋە خوجىلارنىڭ ئەۋلادى. ئۇ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ
جەنۇبىي قىسمىغا كېلىپ دىن تارقىتىش جەريانىدا، قەشقەر رايونىدىكى ئىسلام
مۇرىتلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى — مامۇت يۇسۇپ
بىلەن ئىسھاق بەگ تەدرىجىي ھالدا، شىنجاڭنىڭ خوتەن، يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر،
ئاقسۇ، تۇرپاندىن ئىبارەت ئالتە شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي داھىسى
بولۇپ قالغان. لېكىن، بەزى دىنىي قائىدە-نىزاملار توغرىسىدىكى ئىختىلاپلار
تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى تەدرىجىي ھالدا يۇسۇپنى مەركەز قىلغان ئاق
تاغلىقلار مەزھىپى ۋە ئىسھاق بەگنى مەركەز قىلغان قارا تاغلىقلار مەزھىپىگە بۆ-
لۈنۈپ كەتكەن. كېيىن ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كە-
سكىنلىشىپ قانلىق كۈرەشكە ئايلانغان②. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى (XIX ئە-
سىرنىڭ ئاخىرلىرى). قارا تاغلىقلار مەزھىپى يەكەن خانلىقىنىڭ خانى③ ئىسمايىل-
خاننىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن ھۆكۈمران ئورۇندىكى مەزھەپكە ئايلانغان.
ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپپاق خوجا (يۇسۇپنىڭ ئوغلى) ئىسمايىل خان تەرىپى-

[illegible]

قىدىن مەدەت تىلەپ، سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى غالدان ئەزەلدىنلا كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتى بار كىشى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيتىشنى بۇرۇنلا كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 1678 - يىلى ( چىڭ سۇلالىسى كاڭشى خانىنىڭ 17-يىلى)، جەنۇبىي شىنجاڭغا قوشۇن كىرگۈزۈپ غەلىبە قازانغان. ئۇ ئىسمايىل خان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئاپپاق خوجىنى خان قىلىپ تىكلىگەن. شۇنىڭ بىلەن، جۇڭغارلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان[1] .

جۇڭغارلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئىنتايىن شەپقەتسىز بولدى ھەمدە ئۇلار «بۆلۈنمە ھاكىمىيەت» بولۇۋېلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى زادىلا كۆزگە ئىلمىدى. 1696 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇن چىقىرىپ جازا يۈرۈشى قىلغاندا، غالدانخان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئاپپاق خوجىنىڭ جىيەن ئوغلى مەخمۇت بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھوقۇقنى ئىگىلەپ، «مۇستەقىل» بولۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. غالدانخان ئۆلگەن بولسىمۇ، جۇڭغار خانلىقى تېخى گۇمران بولمىغانىدى. تۆت يىلدىن كېيىن، غالدانخاننىڭ جىيەن ئوغلى چىۋاڭ ئاراپتان جۇڭغار خانلىقىنى قايتىدىن قۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى يەنە بىر قېتىم ئىستىلا قىلدى ھەمدە مەخمۇتنى تۇتۇپ، ئىلىغا ئاپىرىپ نەزەر بەنت قىلدى. جۇڭغار خانلىقىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 2 - قېتىملىق ھۆكۈمرانلىقى 55 يىل داۋام قىلدى.

مەخمۇت ئىلى تۈرمىسىدە ئىككى پەرزەنت كۆردى. چوڭىنىڭ ئىسمى بۇرھانىدىن، كىچىكىنىڭ ئىسمى خوجا جاھان ئىدى. ئۇلار كېيىنچە چوڭ خوجا ۋە كىچىك خوجا دەپ ئاتالدى. مەخمۇت كېيىن تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتتى. 1755 - يىلى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى چيەنلۇڭ يەنە بىر قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ، جۇڭغارلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلدى ھەمدە ئۇلارنى يوقىتىپ بۇرھانىدىن بىلەن خوجا جاھاننى ئىلى تۈرمىسىدىن بوشىتىپ ئۇلارنى قەشقەر، يەكەنگە قايتۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا قايتا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا پايدىلىق بەزى خىزمەتلەرنى قىلدۇرماقچى بولدى.

بۇرھانىدىن بىلەن خوجا جاھان جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاكا - ئاكا ئىككىسىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە تۇتقان سىياسىي پوزىتسىيىسى ئوخشاش بولمىدى. چوڭ خوجا ئۇلارنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىپ، يۇرتىغا قايتىشى تامامەن چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ شاپائىتىدىن بولغان. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە سادىق بولۇشىمىز كېرەك دەپ قارىدى. ئەمما كىچىك خوجا بولسا،

بىر جۇڭغارلارنىڭ بويسۇندۇرۇقىدىن ئەمدىلا قۇتۇلدۇق. ئەگەر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىش قىلساق، ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ تىزگىنلىشىدە بولغان بولمامدىمىزمۇ. بۇنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالدىن نېمە پەرقى بار. شۇڭا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئۆز ئالدىمىزغا دەۋران سۈرۈشىمىز كېرەك دەپ قارىدى. ئاخىرى كىچىك خوجىنىڭ تەشەببۇسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن، خوجا جاھان باشچىلىقىدىكى فېئوداللار گۇرۇھى 1755-يىلى قورالىق توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىگىلىۋېلىپ[5]، چىڭ سۇلالىسى ئەۋەتكەن مۇئاۋىن ئامبال (دۇتۇڭ) ئامىنداۋ ۋە ئۇنىڭ يۈزدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى ئۆلتۈردى («تەزكىرەئى خوجگان» دا بۇ چاغدا چوڭ خوجىنىڭ توپىلاڭغا قاتناشمىغانلىقى، ئۇشىقا بېرىپ چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىغا بەيئەت قىلغانلىقى ھەمدە بىرلەشمە قوشۇن بىلەن بىللە كىچىك خوجىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇ گەپ ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس). ئىككىنچى يىلى، خوجا جاھان ئۆزىنى «باتۇرخان» دەپ ئاتىدى، ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەنجان، بۇخارا قاتارلىق جايلاردىكى فېئوداللار بىلەن بىرلىشىپ، توپىلاڭنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى[6]. 1758-يىلى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇن چىقىرىپ توپىلاڭنى تىنچىتتى. ئىككىنچى يىلى، خوجا جاھان ئاغا-ئىنى مەغلۇپ بولۇپ، يۇرتىنى تاشلاپ ئافغانىستان دائىرىسىدىكى باداخشانغا قاچقاندا، شۇ يەرنىڭ باشلىقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى[7]. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پۈتكۈل شىنجاڭ رايونى قايتىدىن ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتتى. ئاقتاغلىقلار مەزھىپى بىلەن قاراتاغلىقلار مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى پرىنسىپسىز كۈرەشكە خاتىمە بېرىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيىتى تەدرىجىي ھالدا مۇقىملىشىشقا ۋە گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلەندى.

چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئاسىيلىق قىلىشىنىڭ تۈپ ماھىيىتى ھەممە كىشىلەرگە ئايان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ بۇنىڭغا ئاللىبۇرۇنلا مۇۋاپىق باھا بەرگەنىدى. لېكىن ئازادلىققا قەدەر چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ قالدۇقلىرى، جاھانگىرلارنىڭ غالچىلىرى، پانتۈركىستلاردىن ئىبارەت بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەر ۋەتىنىمىز زېمىنىنى پارچىلاش، قولىدىن كەتكەن جەننەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈزلۈكسىز تۈردە شىنجاڭ ئەزەلدىن «مۇستەقىل» «شەرقىي تۈركىستان» دۆلىتى ئىدى دەپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇن چىقىرىپ توپىلاڭنى باستۇرۇپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى «تاجاۋۇزچىلىق» دەپ، چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ ئېلىپ بارغان توپىلاڭلىرىنى بولسا، «تاجاۋۇزچىلىق» قا قارشى ھەققانىي ھەرىكەت ۋە ھاكازا دەپ جار سېلىپ كەلدى.

ئۇلار چوڭ - كىچىك خوجىلارنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ماختاپ، بېزەپ كەلدى. ئۇلارنى قانداقتۇر چىڭ سۇلالىسىغا قارشى تۇرۇپ، ھەققانىيەت يولىدا قۇربان بولغان «قەھرىمانلار» دەۋالدى. ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئەكسىيەتچىل سەپسەتىلىرىنىڭ ئاللىبۇرۇنلا ھېچقانچە بازىرى قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تونۇشىنى توغرىلاش، بۇ سەپسەتىلەرنىڭ زەھەرلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاش ئۈچۈن، ئۇلارغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا رەددىيە بېرىشكە، ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەممىمىزگە ئايانكى، شىنجاڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ جۇڭگو فېئودال خاندانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولغاندىن كېيىن، ئىزچىل تۈردە جۇڭگونىڭ فېئودال مەركىزىي خاندانلىقلىرىنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلگەن. ئەزەلدىن بۆلۈنۈپ كەتمىگەن. مەسىلەن: غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭدا غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇلى ۋە تىرىكەك چىرىكچى تۇرغۇزغان؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئەنشى، بېشبالىق تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى ۋە كۆك ئارت بوقالى تەسىس قىلىنغان؛ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قوچو ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنى سۇڭ سۇلالىسىگە «غەربىي ئوبلاست (شىجۇ) لىق جىيەنلىكلار» دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئىدىقۇتنى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىگە تەۋە دۆلەت دەپ ھېسابلىغان؛ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، بېشبالىقتا دۇۋان مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. XIV ئەسىردە، شىنجاڭ يۈەن سۇلالىسى تەرىپىدىن چاغاتاي خانلىقىغا سويۇرغال قىلىپ بېرىلگەن، ھالبۇكى چاغاتاي خانلىقى مۇستەقىل دۆلەت بولماستىن، بەلكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى ئىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، شىمالىي شىنجاڭ غەربىي موڭغۇل ئويراتلىرىنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولغان. ئۇلار مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن ئىنئام يارلىق ئېلىپ تۇرغان ھەمدە ئوردىغا تولپان يوللاپ تۇرغان، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قۇمۇل رايونىنى ھەمۇرى ئاپپارات تەسىس قىلىپ ئىدارە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا رايونلار، مەسىلەن: تۇرپان، قەشقەر، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق دۆلەتلەر مىڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ گەرچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەكەن خانلىقى ۋە جۇڭغار خانلىقى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەينى چاغدا مۇستەقىل دۆلەت بولماستىن، چىڭ سۇلالىسىگە تەۋە دۆلەتلەر ئىدى. ئۇلار چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلاتتى، ئوردىغا تولپان تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلاتتى. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ قوشۇن چىقىرىپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار-

رىنىڭ توپىلاڭلىرىنى تىنچىتىش، جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈش قاتارلىق ھەرىكەتلىرى ئۇلارنىڭ بىر مەركىزىي خاندانلىق ئالدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغانلىقى بولۇپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ماس كېلىدىغان ھەققانىي ئىشلاردۇر.

چوڭ - كىچىك خوجىلار بولسا، چوڭ فېئودال پومېشچىكلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك قىلىشتىكى تۈپ مەقسىتى ئۆز-لىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس فېئودال زېمىندار-لىق ئىمتىيازىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ھەمدە ئۇنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە زادىلا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئاتالمىش مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش دېگەن سۆزلەر باھانىدىنلا ئىبارەت، خالاس. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئادەم ئالدايدىغان بۇ بىر نېمىلىرى ئۇزاق قالماي بىر پەشۋاغا يارىماي ۋەتتۇرىكى چىقىپ كەتتى.

ئىزاھلار:

① چوقان ۋەلىخانوۋ: «مۇقەددەس بۇرچ» (1958 - يىل، ئالمۇتا نەشرى. 488 — 541 - بەت.

② «تەزكىرەئى خوجىگان» غا ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ئەھۋالى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا» غا قاراڭ.

جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغاتاي خانلىقىنىڭ ۋارىسلىرى ھەر قايسى كىچىك فېئودال خانلىقلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەكەننى پايتەخت قىلغان، تارىختا بۇ يەكەن خانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋېي يۈەن يازغان «شىڭۋۇ خاتىرىسى» 3-، 4 - جىلدىغا ۋە مۇھەممەت سادىق يازغان «تەزكىرەئى خوجىگان» غا قاراڭ.

«جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 58 - جىلد. «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەپسىلاتى»، 12 - جىلدقا قاراڭ.

«جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرى» نىڭ 39-، 44-، 57-، 76 - جىلدلىرىگە قاراڭ.

«شىڭۋۇ خاتىرىسى»، 4 - جىلد.

«جياچىڭ دەۋرىدە قايتا تۈزۈلگەن بىرلىككە كەلتۈرۈش تەپسىراتى» نىڭ 4 - بۆلۈمىنىڭ داۋامى، 516-، 528- جىلدلىرىغا قاراڭ.

«شىڭۋۇ خاتىرىسى» 4 - جىلدكە قاراڭ.

ئەخمەتجان ئېزىز تەرجىمىسى